# مۇشۇ چاغدىكى تەڭرى

تاھىر ھامۇت ئىزگىل

بۇنچە غاپىل بولماس ئىدىم
ئاشۇ قېتىم يولنىڭ قىرىدا ماڭغان بولسام
بىر تۈز سىزىقنىلا دەسسەپ.
بۇنچە ئازغۇن بولماس ئىدىم
ئاشۇ كېچە قولۇمنى دەرىزىدىن چىقارمىغان بولسام
ھۇقۇشنىڭ قاناتلىرىنى سىلايمەن دەپ.

ئەمما
مۇشۇ چاغدىكى تەڭرىنىڭ نېمە كارى
يول بويىدىكى ئاق تېرەكنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن
قاناپ كەتكەن بارماقلار بىلەن
ئۆسمۈر چېغىمىزدىلا سەۋدا بولغان بىز بىلەن

- 2020 يىلى 14 - فېۋرال، فېيرفەكس